# ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى كۈچەپ ياخشى قىلايلى

## ــــ نۆۋەتتىكى ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا

□خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، ئىرادىنى ساقلاپ، ئاساسنى چىڭىتىپ، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىش ھەر خىل خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارنى يېڭىشىمىزدىكى ئاچقۇچ.

7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئېچىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك چوڭ ۋەزىيىتىنى ئىلمىي ئىگىلەپ، ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، تەتقىق قىلىپ، كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ھەم «قانداق قاراش كېرەك»لىكنى ئېنىق كۆرسىتىپ، ھەم «قانداق قىلىش كېرەك»لىكنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىشەنچنى چىڭىتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ئۆز ئىشىنى كۈچەپ ياخشى قىلىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى ۋە رىغبەتلەندۈردى.

بۇ يىلدىن بۇيان، چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ماكرو سىياسەتنى تەتۈر دەۋرىيلىك تەڭشەشنى مۇۋاپىق پەيتتە مۇۋاپىق يولغا قويۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى «مۇقىم» بولدى، قۇرۇلمىنى تەڭشەشتە «ئىلگىرىلەش» بولدى، يېڭى - كونا ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنىڭ ئالمىشىشى «يارقىن» بولدى، ئىستېمال دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش بوشلۇقى «كەڭ» بولدى، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىدا ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم بولۇش، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەشتەك تەرەققىيات ۋەزىيىتى داۋاملاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىقتىسادىي تەرەققىيات دۇچ كەلگەن خەلقئارا مۇھىت ۋە دۆلەت ئىچى شارائىتىدا چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، دۆلەت ئىچىدە ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمى زورايدى. لېكىن تەمىنات تەرەپلىمىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، تۈرلۈك مۇھىم، زور ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تەدبىرى ۋە ماكرولۇق ئىقتىسادىي سىياسەت ئۈنۈمى سىجىل نامايان بولۇپ، كۈچلۈك دۆلەت ئىچى بازىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قويۇپ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرىدىغان سىياسەت زاپىسى يەنىلا يېتەرلىك، بىزنىڭ ھازىرقى ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە تېخىمۇ ئىشەنچىمىز ۋە ئاساسىمىز بار.

ئۇزاق مەزگىلدىن قارىغاندا، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتى يېتەرلىك تىرەكلىك شەرتنى ھازىرلىغان. دۆلىتىمىزدە 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن نوپۇس، 900 مىليون ئەمگەك كۈچى، 170 مىليون ئالىي مائارىپ تەربىيەسى ئالغان ۋە تېخنىكا - ماھارەتكە ئىگە ئىختىساسلىقلار بايلىقى، پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئەڭ چوڭ ئوتتۇرا ھال كىرىملىكلەر توپى، 100 مىليوندىن ئارتۇق بازار سۇبيېكتى بار، بۇ، غايەت زور بايلىق يوشۇرۇن كۈچىدۇر؛ دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ئاساسلىقى ئىچكى ئېھتىياجنىڭ تۈرتكە بولۇشىغا تايىنىدۇ، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىستېمالنىڭ ئېشىشنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 60%تىن ئېشىپ كەتتى، ئىستېمالنىڭ ئۇلۇغلۇق رولى داۋاملىق مۇستەھكەملەندى، بۇ، كۈچلۈك ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچتۇر؛ بولتۇر «ئۈچ يېڭى» ئىقتىساد قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 16.1% بولۇپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەر، ھەممىھەرە ئىقتىساد قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى ئۈزلۈكسىز زورايدى، بۇ، جۇشقۇن تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىدۇر. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق كۆرسىتىپ بەردىكى، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئېلاستىكلىقى ياخشى، يوشۇرۇن كۈچى يېتەرلىك، ئايلىنىش ئىمكانىيىتى چوڭ بولۇشتەك ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئۆزگەرمىدى، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ئېشىشىنىڭ ياخشى تەرەكلىك ئاساسى ۋە شارائىتى ئۆزگەرمىدى، جۇڭگو ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ چوڭ يۈزلىنىشى ئۆزگەرمىدى ھەم ئۆزگەرمەيدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، بىز ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى بېسىپ ئۆتتۇق. يېڭى مۇساپىدە، بىز ھەم جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنىڭ پارلاق بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىپ، ھەم يولنىڭ ئەگرى - توقايلىقى، قىيىنچىلىقنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى تولۇق تونۇپ، جەزمەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىپ، خەۋپ - خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەييارلىق جېڭىنى ياخشى قىلىشىمىز، خەۋپ - خەتەرنى بىخەتەرلىككە ئايلاندۇرۇش، كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەشەببۇسكارلىق جېڭىنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەك. شۇنى كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ئۇزاقچە ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى تېز سۈرئەتتە ئۆستۈرۈلۈپ، تەرەققىياتنىڭ ماسلىشىشچانلىقى سىجىل كۈچىيىپ، ئېچىشنىڭ سەجىللىقى ئۈزلۈكسىز مەركەزلىشىپ، تاشقى خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرقەدەر چوڭ يۆتكىلىش بوشلۇقى ھازىرلاپ بەردى. يەنە شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى قەتئىي تەۋرەنمەي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يۈزلىنىپ بولۇپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەش داۋامىدا ئەمەلىي كۈچنى ئاشۇرۇشتا، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا يوشۇرۇن ئىقتىدارنى قېزىشتا، پائال ئىلگىرىلەش داۋامىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتا بىزنىڭ تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر ۋە خىرىسلارغا تاقابىل تۇرىدىغان تولۇق شارائىتىمىز، ئىقتىدارىمىز، ئىشەنچىمىز بار.

ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا، بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىگە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى سىجىل، يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ توپلىغان مول ماددىي تېخنىكا ئاساسىغا، مول ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش تەجرىبىسى ۋە يېتەرلىك سىياسەت بوشلۇقىغا ئىگە، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەندىلا، جۇڭگونىڭ ئىقتىساد پاراخوتى چوقۇم دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىيەلەيدۇ، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلالايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# شۇ جياپېڭ: كۆكرىكى بىلەن دۈشمەننىڭ مىلتىق ئېغىزىنى توسقان پىدائىي قىسىمنىڭ ئۇرۇش قەھرىمانى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خېبېي، 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر باۋ شياۋجېڭ)** يەنە ياز كەلدى، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ جىشى ناھىيەسى جياپېڭ يېزىسى يازلىق دەم ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرىنى كۈتۈۋالدى. ئىنقىلابىي قۇربان شۇ جياپېڭنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بۇ جەنۇبىي ئەنخۇي يېزىسىنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، ھاۋاسى ساپ، يېقىشلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چوڭقۇر قىزىل مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە بولۇپ، «ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ 3 - تۈركۈمدىكى قىزىل ساياھەت يېزىسى - بازىرى» بولۇپ باھالانغان.



شۇ جياپېڭنىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شۇ جياپېڭ، 1931 - يىلى تۇغۇلغان، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ جىشى ناھىيەسىدىن. 1951 - يىلى 5 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتناشقان. 1952 - يىلى 7 - ئايدا، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىغا قاتنىشىپ چاۋشيەنگە بېرىپ ئۇرۇش قىلغان. 1953 - يىلى 4 - ئايدا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن.

شاڭگەنلىڭ ئۇرۇشىدىن كېيىن، خۇاڭ جىگۇاڭنىڭ قەھرىمانلىق ئۇلۇغ جاسارىتى پىدائىي قىسىمدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى ۋە رىغبەتلەندۈردى، شۇ جياپېڭمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. شيەندۇڭ شىمالىي تېغى قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىنىڭ ۋەزىپىسى لىيەندۇيگە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئىلتىماس يېزىپ، ئىرادىنامە تاپشۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ماڭا ئېھتىياجلىق بولغان ئەھۋالدا، يولداش خۇاڭ جىگۇاڭغا ئوخشاش چاۋشيەن خەلقى ۋە ۋەتەن خەلقى ئۈچۈن ئۆزۈمنى قۇربان قىلىمەن.» ئۇ سەپداشلىرىغا: «مەن بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ سىنىقىنى قوبۇل قىلىمەن، چوقۇم خۇاڭ جىگۇاڭغا ئوخشاش باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەننى يوقىتىمەن!» دېگەن.

1953 - يىلى 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كېچىدە، چاۋشيەندىكى تېيبۇەننىڭ غەربىي شيەندۇڭ شىمالىي تېغىدىكى ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ 7 - شىسىگە قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىدە، شۇ جياپېڭ تۇرۇشلۇق 6 - لىيەن قاتتىق يامغۇرغا قارىماي يان تەرەپنى بويلاپ ئامېرىكا ئارمىيەسى تۇرۇشلۇق ئاساسىي چوققا بازىسىغا ھۇجۇم قوزغىغان. ئاساسىي چوققىغا يېقىنلاشقاندا، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ بىر يوشۇرۇن ئىستېھكامى توختاۋسىز ئوت ئېچىپ، قىسىمنى تاغ باغرىدا قاپساپ قويغان. ئۇرۇشتا شۇ جياپېڭ بىلەن بىللە پارتلىتىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان سەپدىشى بەختكە قارشى قۇربان بولغان. شۇ جياپېڭ ئەھۋالنى كۆرۈپ دەرھال پارتلاتقۇچ بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ، دۈشمەننىڭ يوشۇرۇن ئىستېھكامىغا ئېتىلغان. ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانىدا، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى پارتلاشتا يارىلانغان بولسىمۇ، يەنىلا ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، قەيسەرلىك بىلەن يوشۇرۇن ئىستېھكامغا يامىشىپ چىقىپ، پارتلىتىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان. لېكىن پارتلاتقۇچ بوغچىسى يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەچكە، پارتلىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان. شۇ جياپېڭ يارىلانغان پۈتنى سۆرەپ يوشۇرۇن ئىستېھكامنى ئايلىنىپ ئۆمىلەپ، يوشۇرۇن ئىستېھكامنىڭ كىرىش ئېغىزىنى ئىزدىگەن. كىرىش ئېغىزىنى تاپالمىغان ئەھۋالدا، ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ قەتئىيلىك بىلەن قەددىنى رۇسلاپ يوشۇرۇن ئىستېھكامنىڭ ئوق ئېتىش تۆشۈكىگە ئېتىلىپ بېرىپ، كۆكرىكى بىلەن ئېتىلۋاتقان مىلتىق ئېغىزىنى توسۇپ، ئۆزىنىڭ ھاياتى ئارقىلىق قىسمىغا ھۇجۇم قىلىش يولى ئېچىپ بەرگەن. سەپداشلىرى ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ھەرىكىتىنىڭ ئىلھامىدا باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، شىمالىي تاغنىڭ ئاساسىي چوققىسىنى تېزلىكتە ئىشغال قىلغان.

شۇ جياپېڭنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىلتىماسىغا ئاساسەن، تۇرۇشلۇق قىسىم پارتكومى ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى، دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلغان. 1953 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق كېڭەشى دائىمىي كومىتېتى ئۇنىڭغا «چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قەھرىمانى» نامى ۋە ئالتۇن يۇلتۇز ئوردېنى، 1 - دەرىجىلىك دۆلەت بايرىقى ئوردېنىنى تولۇقلاپ بەرگەن. 1954 - يىلى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ئۇنىڭغا ئالاھىدە تۆھپە يېزىپ تولۇقلاپ ئەنگە ئالغان ھەم ئۇنىڭغا 1 - دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانى، دېگەن نامنى تولۇقلاپ بەرگەن. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئۇنىڭغا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ «نەمۇنىلىك ئىتتىپاق ئەزاسى» دېگەن نامنى تولۇقلاپ بەرگەن. ئەنخۇي ئۆلكىسى جىشى ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ يۇرتىغا «جياپېڭ يېزىسى» دەپ نام بەرگەن ھەم «ئىنقىلابىي قۇربان شۇ جياپېڭ خاتىرە تېشى»نى ئورنىتىپ ئۇنى خاتىرىلىگەن.

# ھال سوراش خېتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يول بويى مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، مىللىي مۇستەقىللىق ۋە خەلقنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى قوغداش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپە قوشتى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، خەلق ئارمىيەسى پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدىغان قەھرىمان ئارمىيە بولۇشقا مۇناسىپ، دۆلەتكە سادىقلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغان قەھرىمان ئارمىيە بولۇشقا مۇناسىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان قەھرىمان ئارمىيە بولۇشقا مۇناسىپ.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار رەئىس شى جىنپىڭنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدىغان، ئۇرۇشتا غەلىبىلىك جەڭ قىلالايدىغان، ئىستىلى ئەلا خەلق ئارمىيەسى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت پارتىيەنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى چۆرىدەپ، ھەربىي مەشقنىڭ ئەمەلىي جەڭ سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، ئۇرۇش تەييارلىقى، مانېۋىر، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش قاتارلىق كۆپ خىللاشقان ھەربىي ئىشلار ۋەزىپىسىنى قالتىس ئورۇنداپ، جۇڭگوچە ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا پۇختا قەدەم تاشلىدى. قىسىمدىكى كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر خەلقنى تۇغقىنى بىلىپ، تۇرۇشلۇق جاينى يۇرتى بىلىپ، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، يەرلىكنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك ئىشلىرىغا چىن كۆڭلىدىن قاتناشتى ۋە مەدەت بەردى، بولۇپمۇ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، خەتەردىن - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قاتارلىق جەھەتلەردە سېپىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، باتۇرلۇق بىلەن يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ يۈكسەك ئىشەنچى ۋە كەڭ تەرىپلىشىگە سازاۋەر بولدى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى قىزىل ئارمىيە پېشقەدەم جەڭچىلىرى، ئارمىيەدىن پېنسىيەگە، دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار، كەسىپ ئالماشتۇرغان، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر، مېيىپ ھەربىيلەر، قۇربان بولغان ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى تۆھپە قوشۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەرقايسى سەپلەردە، ھەر ساھەلەردە يېڭى سەھىپىلەرنى پۈتۈپ، ھەممەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇشتەك ئارمىيە - ھۆكۈمەت، ھەربىي - خەلق مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەربىي بىلەن خەلق بىر نىيەتتە بولىدىغان، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىدىغان پولات سېپىلنى بەرپا قىلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلق سىلەرگە چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ ھەم ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ!

ھازىر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 - ، 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاق - مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئېچىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ - خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ سىجىل ئىناقلىقى، مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلىدى. بىز دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرىدىكىدەك قوللاپ، نەپىقە بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىبار بېرىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ھەربىي - خەلق يۈغۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىلىك شەھەر(ناھىيە) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ھەربىي بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقىنىڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەممە بىر نىيەتتە كۈرەش قىلىدىغان يېڭى دەۋرنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەيمىز.

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرلىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئارمىيە بىلەن يەرلىكنىڭ كۈچىنى بىرىكتۈرۈپ، ھەربىي بىلەن خەلق بىر نىيەتتە بولۇپ، ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ھەربىي بىلەن خەلق مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىي نەتىجە - ئۇتۇقى ئارقىلىق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيلى.

يولداشلارنىڭ بايرىمىنىڭ خۇشال، تېنىنىڭ سالامەت، خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا تىلەكداشمىز!

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى**

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى**

**2019 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى**

(بېشى 1 - بەتتە)

مەن بۇنى يۈكسەك تەرىپلەيمەن. جۇڭگو تەرەپ كولۇمبىيە تەرەپ بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 40 يىللىقىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم تۈگۈننى چۆرىدەپ، كەلگۈسى تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئورتاق پىلانلاپ، جۇڭگو - كولۇمبىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن كولۇمبىيە يۇقىرى قاتلام ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشەنچنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ئۆزئارا قوللىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ كولۇمبىيەنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ۋە توقۇنۇشتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇشنى داۋاملىق قوللايدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلىي ھەمكارلىقىدىكى يوشۇرۇن كۈچى چوڭقۇر قېزىپ، ئەنئەنىۋى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى مۇستەھكەملەپ، يېڭى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى ئېچىش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ كولۇمبىيە تەرەپنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قارشى ئالىدۇ. ئەدلىيە، ئادەمىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىپ، ئەلرايى ئاساسلىقنى يېقىنلاشتۇرۇپ، دوستلۇق ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يادرولۇقىدىكى ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان خەلقئارا سىستېمىنى ئورتاق قوغداپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئۆزگىرىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنىڭ تېخىمۇ ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، ئومۇم مەنپەئەتدار، تەڭپۇڭ، ئورتاق پايدا ئالىدىغان يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: لاتىن ئامېرىكىسى ۋە كارىب دۆلەتلىرى غايەت زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ۋە كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە بولۇپ، خەلقئارا ئەندىزىدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم كۈچ. جۇڭگو تەرەپ لاتىن ئامېرىكىسى خەلقلىرىنىڭ تەرەققىيات يولىنى ئۆز ئالدىغا تاللاش ھوقۇقىغا ئىزچىل ھۆرمەت قىلىدۇ، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ بىرگەۋدىلىشىش مۇساپىسىنى تېزلىتىپ، سۆزلىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق ۋېنېزۇئېلا قاتارلىق رايون مەسىلىلىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغدىشىنى قوللايدۇ. جۇڭگو تەرەپ ياراشتۇرۇش، سۆھبەتنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشنى خالايدۇ، كولۇمبىيە تەرەپ بىلەن ئالاقىنى ساقلاشنى خالايدۇ. جۇڭگو - لاتىن ئامېرىكىسى ھەمكارلىقى ماھىيەت جەھەتتە جەنۇب - جەنۇب ھەمكارلىقى دائىرىسىگە تەۋە بولۇپ، پۈتۈنلەي ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، باراۋەر بولۇش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان بولۇش پرىنسىپىنى ئاساس قىلغان. جۇڭگو تەرەپ لاتىن ئامېرىكىسى تەرەپ بىلەن بىللە جۇڭگو - لاتىن ئامېرىكىسى مۇنبىرى مېخانىزمى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو - لاتىن ئامېرىكىسى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق قۇرۇشنى خالايدۇ.

دۇك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. مەن رەئىس شى جىنپىڭنىڭ قالتىس رەھبەرلىك ئىقتىدارى ۋە مۇھىم خەلقئارا تەسىر كۈچىگە ئىنتايىن قايىلمەن، جۇڭگونىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىسىنى ئۆگىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن. كولۇمبىيە - جۇڭگو ئىككى دۆلەت پات يېقىندا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 40 يىللىقىنى كۈتۈۋالىدۇ، مەن بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد - سودا، ئېنېرگىيە، يۇل ئەسلىھە، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش، رەقەملىك ئىقتىساد، ئىجادىيەت كەسىپلىرى قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن، جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ كولۇمبىيەگە بېرىپ مەبلەغ سېلىشىنى قارشى ئالىمەن. جۇڭگو - كولۇمبىيە ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىر ئىككى تەرەپلىك ھەمكارلىق تۈرىنىڭ كولۇمبىيەنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىگە مەدەت بولىدىغانلىقىغا، كولۇمبىيەنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى دۇنياۋى ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە، كولۇمبىيە تەرەپ ئورتاق قۇرۇشقا پائال قاتنىشىشنى خالايدۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىككى دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ھەمكارلىقىغا تېخىمۇ ياخشى يېتەكچىلىك قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. كولۇمبىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ خەلقئارا ۋە رايون ئىشلىرىدا داۋاملىق ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەم ئۇنى ئۈمىد قىلىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئالاقىنى ساقلاشنى خالايدۇ. كولۇمبىيە تەرەپ لاتىن ئامېرىكىسى - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالايدۇ.

سۆھبەتتىن كېيىن، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى بىرلىكتە كۆپ تۈرلۈك ئىككى تەرەپ ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنى ئىمزالاش مۇراسىمىغا گۇۋاھ بولدى.

سۆھبەتتىن ئىلگىرى، شى جىنپىڭ خەلق سارىيىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى مەيداندا دۇك ئۈچۈن قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ياڭ جيېچى، جاڭ چۈنشيەن، ۋاڭ يۈڭچىڭ، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)